□پومپېيونىڭ شىنجاڭغا ئالاقىدار جۇڭگوغا قارشى سەپسەتىلىرىگە قەتئىي قارشى تۇرىمىز

**شىنجاڭ ئەلنەغمىچىلەر جەمئىيىتى**

# پومپېيونىڭ رەزىل ئەپت ـ بەشىرىسىنى قەتئىي ئېچىپ تاشلايمىز

يېقىندا، ئامېرىكىنىڭ سابىق دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى پومپېيو جۇڭگو شىنجاڭغا ئەسەبىيلەرچە ھۇجۇم قىلىپ، بوھتان چاپلاپ، ئاق ـ قارىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىپ، ئاغزىغا كەلگەننى جۆيلۈپ، شىنجاڭنىڭ ئىنتايىن ياخشى ۋەزىيىتى ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بەختلىك تۇرمۇشىغا قەستەن قارا چاپلاپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھېسسىياتىغا ئېغىر ئازار بەردى. شىنجاڭ ئەلنەغمىچىلەر جەمئىيىتى بۇنى كۈچلۈك ئەيىبلەيدۇ ۋە بۇنىڭغا قەتئىي قارشى تۇرىدۇ.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شىنجاڭ ئەلنەغمىچىلەر جەمئىيىتى خەلقنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، «خەلق ئارىسىغا بېرىش» «خۇشاللىق يەتكۈزۈش، ئاساسىي قاتلامغا بېرىش» «بىزنىڭ جۇڭگو ئارزۇيىمىز ـــ مەدەنىيەتنى ھەممە ئائىلىلەرگە يەتكۈزۈش» ۋە «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش» قاتارلىق باش تېمىدىكى خەلققە نەپ يەتكۈزۈش ئويۇنلىرىنى چوڭقۇر، پۇختا قانات يايدۇرۇپ، ئاساسىي قاتلامدىكى ئاممىغا نۇرغۇن مول مەنىۋى ئوزۇق تەقدىم قىلدى. ھەر مىللەت ئەلنەغمىچىلەر ھەققىي ھېسسىياتى بىلەن ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇر چۆكۈپ، ھاياجانلىق ھېسلارغا چۆمۈلۈپ قايتىپ كەلدى، ئۇلارنىڭ كۆرگەنلىرى، ھاسىلاتىنىڭ ھەممىسى ئىتتىپاق ـ ئىناق، تىنچ ـ ئىناق مەنزىرە بولدى.

ھازىر، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى ئۈزلۈكسىز كۈچەيدى، شىنجاڭنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرى گۈللىنىپ تەرەققىي قىلدى، شىنجاڭ ئەلنەغمىچىلەر جەمئىيىتى يەنە شىنجاڭنىڭ تەرەققىي قىلىپ ئىلگىرىلىگەنلىكى ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ گۈزەل، بەختلىك تۇرمۇشىنى نامايان قىلىدىغان زور بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر ئەلنەغمە نومۇرلىرىنى ئىجاد قىلدى. «شادىمان دېھقان» «تۇغقىنىنى ئىزدەش» «مۇھەببەت يالقۇنى» «ياخشى» «يايلاقتىكى شادلىق ناخشىسى» قاتارلىق نۇرغۇن مۇنەۋۋەر ئەلنەغمە ئەسەرلىرىدە گۈزەل شىنجاڭنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەشتىكى كۆتۈرەڭگۈ روھى ۋە ھاياتىي كۈچى نامايان قىلىندى.

پومپېيونىڭ شىنجاڭغا ئالاقىدار يالغان ـ ياۋىداق سۆزلەرنى ئويدۇرۇپ چىقىرىشى جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلاشقانلىق، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىۋاتقانلىقىغا قىلىنغان ئىغۋاگەرچىلىك بولۇپ، مۇقەررەر ھالدا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ لەنىتىگە ئۇچرايدۇ، پومپېيومۇ ھامان تارىخنىڭ كۆلكىسىگە قالىدۇ.

# پومپېيو، قاراپ تۇرۇپ يالغان سۆزلىمە

□شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك داشۆسى ھايۋانات ئىلمى شۆيۈەنى پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، پروفېسسور ئابلىز ئوسمان

يېقىندا، پومپېيو بىزنىڭ گۈزەل تۇرمۇشىمىزغا خالىغانچە تۆھمەت قىلىپ قارا چاپلىدى، مەن ئىنتايىن غەزەپلەندىم، مەن ئۆز كەچۈرمىشىم ۋە تەسىراتىم ئارقىلىق كىشىلەرگە شۇنداق دېمەكچى، پومپېيو قىلچە تۆۋەن چېكى بولمىغان چۈپرەندە.

مەن شىنجاڭدا تۇغۇلۇپ، شىنجاڭدا چوڭ بولغان، شىنجاڭ 1 ـ ئاۋغۇست يېزا ئىگىلىك شۆيۈەنىنى پۈتكۈزگەن ھەم مەكتەپتە قېلىپ چارۋىچىلىق كەسپى ئوقۇتقۇچىسى بولغان. پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرنى تەربىيەلەشتىكى تۈرلۈك پىلانلىرىنىڭ پايدىسىدا، مەن ئىچكىرى رايونلاردىكى ئالىي مەكتەپلەرگە بېرىپ بىلىم ئاشۇرۇش پۇرسىتىگە ئېرىشىپ، ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا شەرقىي شىمال يېزا ئىگىلىك داشۆسى ۋە جۇڭگو يېزا ئىگىلىك داشۆسىدە ئوقۇشنى تاماملىدىم ھەم ماگىستىرلىق ۋە دوكتورلۇق ئىلمىي ئۇنۋانىغا ئېرىشتىم.

2014 ـ يىلى، مەن ئاۋات ناھىيەسىنىڭ بەشئېرىق بازىرى ئۈستۈنكى قۇمئېرىق كەنتىگە بېرىپ، ئىككى يىللىق «ئەل ئەھۋالىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇش خىزمىتىنى باشلىدىم. كەنتتە تۇرغاندىن كېيىن، بىز كەنت ئاھالىلىرىگە ئىلمىي قوي باقمىچىلىق تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇشتىن باشلاپ تۇتۇپ، كەنتتىكى باقمىچىلىق بايلىقىنى بىرلەشتۈرۈپ، گۆش قويى نەسلىنى كىرگۈزۈپ، گۆش قويى باقمىچىلىقى ئۈلگە كۆرسىتىش كەنتى قۇرۇلۇشىنى يولغا قويدۇق. ئىككى يىل قۇرۇلۇش قىلىش ئارقىلىق، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ھەربىر قويدىن قىلغان كىرىمى 500 يۈەندىن كۆپرەك ئاشتى.

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتىدە، مەن جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭدىكى 300 نەچچە كەنتكە بېرىپ، 1000 ئائىلىلىكتىن ئارتۇق كىشىگە تېخنىكا جەھەتتىن ياردەم بېرىش ـ يۆلەشنى قانات يايدۇرۇپ، 13 كەنتنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ، قالپىقىنى ئېلىۋېتىشىگە كۈچ قوشتۇم. ھازىر مېنىڭ كۆرگىنىم شۇكى، يېزىلاردا بۇرۇنقى كېسەك ئۆيلەر قالمىدى، ئۇنىڭ ئورنىنى ئاق تاملىق، قىزىل كاھىشلىق ئەمىن ئۆيلەر ئالدى، ئاسفالت يوللار ئۆي ـ ئۆيلەرگە تۇتاشتى؛ يېزىلارنىڭ مائارىپ يۇمشاق، قاتتىق دېتال سېلىنمىسى ئۈزلۈكسىز زورايتىلدى، بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا ئۈچ يىللىق ئوقۇش يېشىغا يەتمىگەن بالىلار مائارىپى ۋە 12 يىللىق ئاساسىي مائارىپ بىلەن تولۇق قاپلاش ئىشقا ئاشۇرۇلدى، ھەربىر ياش ـ ئۆسمۈر ئادىل ھەم سۈپەتلىك مائارىپتىن بەھرىمەن بولدى؛ دېھقان ـ چارۋىچىلار كېسەل كۆرسەتسە ئاتچوت قىلالايدىغان، يەر تېرىسا ياردەم تولۇقلىمىسىغا ئېرىشەلەيدىغان، ياشانغانلار كۈتۈنەلەيدىغان بولدى. پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى نامرات ئائىلىلەر ياردەم بېرىش ـ يۆلەش كادىرلىرىنىڭ ياردىمىدە نامراتلىق قالپىقىنى ئېلىۋەتتى، ماھارەت ئىگىلىدى، ئۇلارنىڭ ھەميىنى بارغانسېرى تومپايدى، تۇرمۇشى بارغانسېرى بەختكە چۆمدى.

بۇ شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلەر ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، ئورتاق تىرىشىپ كۈرەش قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى، ھەرقانداق يامان غەرەزلىك كىشىلەر بۇزغۇنچىلىق قىلىشنى خام خىيال قىلمىسۇن!

(بېشى 1 ـ بەتتە)

تۇرمۇش ئەھۋالىنى ئىگىلىدى، شۇنداقلا كۆپ قېتىم سوت مەھكىمىسى، تەپتىش مەھكىمىسى، دوختۇرخانا قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، پۇقرالارنىڭ ئەتراپىدا يۈز بەرگەن باش قاتۇرىدىغان، غەم قىلدۇرىدىغان ئىشلارنى يېقىن ئارىلىقتىن ئىگىلىدى.

«لىي فېڭ ئاپتوموبىل ئەترىتى ئارقىلىق تېخىمۇ كۆپ ئىللىقلىق يەتكۈزۈپ، تىرىشىپ پۇقرالارنىڭ ئەتراپىدىكى سىرداش ۋەكىل، ئىللىقلىق يەتكۈزىدىغان ۋەكىل بولىمەن.» شۇ تاۋ شۇنداق دېدى ھەم شۇنداق قىلدى. ئۇ لىي فېڭ ئاپتوموبىل ئەترىتىدىكىلەر ھەم مېھىر ـ شەپقەت كارخانىلىرى، مېھرىبان زاتلارنى ئاپتوموبىلدىكى لەنياغا ئۇلاش ئارقىلىق خەۋەر، قانۇن بىلىملىرى، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتە دىققەت قىلىدىغان ئىشلار قاتارلىقلارنى تەكرار قويۇپ، پارتىيەنىڭ سىياسىتى، قانۇن ـ نىزاملار ۋە ئەڭ يېڭى ئەھۋاللارنى ھەر مىللەت ئاممىغا ۋاقتىدا يەتكۈزۈشكە سەپەرۋەر قىلدى. بۇلتۇر يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يۈز بەرگەندىن كېيىن، شۇ تاۋ ئۆزى تۇرۇشلۇق مەھەللىدە پىدائىيلار مۇلازىمىتىگە تىزىملىتىپ قاتنىشىپ، تېببىي خادىملارنى ئاپىرىپ ئەكەلدى، كارىدورلارنى دېزىنفېكسىيەلىدى، ئۆيدە كۆزىتىلىدىغان ئاما ئۈچۈن دورا سېتىۋالدى، كۆكتات يەتكۈزۈپ بەردى، ئەخلەتنى تۆكۈپ بەردى...

13 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 ـ يىغىنىدا، شۇ تاۋ سۇنغان پىدائىيلار مۇلازىمىتى سۈپىتىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈش توغرىسىدىكى تەكلىپ دەل ئۇنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش پىدائىيلار مۇلازىمىتىگە قاتناشقان چاغدىكى تەپەككۇرىدىن كەلگەن.

«پىدائىيلار مۇلازىمىتى تۈرلۈك جەمئىيەت بايلىقلىرىنى تولۇق سەپەرۋەر قىلىپ ۋە ئۇنىڭدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ جەمئىيەتكە مۇلازىمەت قىلىپ، ئاممىنىڭ كۆپ خىللاشقان، كۆپ قاتلاملىق ئېھتىياجىنى قاندۇرالايدۇ.» شۇ تاۋ، ھۆكۈمەت تارماقلىرى بۇ قېتىمقى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش پىدائىيلار مۇلازىمىتىنى پۇرسەت بىلىپ، پىدائىيلار مۇلازىمىتىنى باھالاش مېخانىزمى ۋە رىغبەتلەندۈرۈش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، شەخسلەر ئارخىپىغا پىدائىيلار مۇلازىمىتى ئەھۋالىنى قوشۇپ، ئىلغار تىپلارنىڭ ئۈلگىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئاممىنىڭ پىدائىيلار مۇلازىمىتىگە قاتنىشىش ئاكتىپلىقىنى ئاشۇرسا، دەپ تەكلىپ بەردى.

«بۇ يىل، مەن داۋاملىق مېھىر ـ مۇھەببىتىم بىلەن رولىنى چىڭ تۇتۇپ، لىي فېڭ ئاپتوموبىل ئەترىتىنى پۇقرالارنىڭ ئەتراپىدىكى ئىللىقلىق يەتكۈزۈش تەشۋىقات ئاپتوموبىلىغا ئايلاندۇرۇپ، ھەرىكىتىم ئارقىلىق تېخىمۇ كۆپ كىشىنى پارتىيەنىڭ گېپىنى ئاڭلاش، پارتىيەگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش، پارتىيەگە ئەگىشىپ مېڭىشقا دەۋەت قىلىمەن ۋە يېتەكلەيمەن» دېدى شۇ تاۋ.

# يۈ شيۇسۇڭ: شىنجاڭدا ماركسىزمنى تارقىتىشنىڭ باشلامچىسى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ماركسىزم ـ لېنىنىزم ئۆگىنىشنى كۈچەيتىپ، شىنجاڭ شۆيۈەنىدە ماركسىزملىق كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى بويىچە ئويغىتىش تەربىيەسىنى قانات يايدۇرغان. شىنجاڭ شۆيۈەنى شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ماركسىزمنى تارقىتىشتىكى مۇھىم بازىغا ئايلانغان.

شىنجاڭ شۆيۈەنىگە يېڭىدىن ئوقۇشقا كىرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ 1 ـ سائەتلىك دەرسى مۇدىر يۈ شيۇسۇڭ يازغان «شىنخەي ئىنقىلابىدىن ساۋاق» دېگەن ماقالە بولغان. ئۆلكىلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپكە يېڭىدىن ئوقۇشقا كىرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ 1 ـ سائەتلىك دەرسى مەكتەپ مۇدىرى يۈ شيۇسۇڭ ئۆزى سۆزلىگەن «ئىنقىلابىي كىشىلىك ھايات قارىشىنى تۇرغۇزۇش» بولغان. ئۇ ئوقۇغۇچىلارغا ئىنقىلابنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش توغرىسىدا سەممىي تەلىم بەرگەن. ئۇ ئىنقىلاب، ئۆگىنىش، ئىنقىلابىي ئائىلە قۇرۇشنى كىشىلىك ھاياتتىكى ئۈچ چوڭ خۇشاللىق دەپ بىلگەن.

شىنجاڭ خەلقىنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش بىرلەشمىسىنىڭ باش كاتىپى سۈپىتىدە، يۈ شيۇسۇڭ بىر تۈركۈم كوممۇنىستلارنى يېتەكلەپ بۇ تەشكىلات شەكلىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي ماركسىزمنى زور كۈچ بىلەن تارقاتقان. ئورگان گېزىتى «جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش سېپى»نى تەسىس قىلىپ، باش ماقالە يازغان؛ بىرلەشمە ئەزالىرى تەربىيەلەش كۇرسىنى قەرەللىك ئۇيۇشتۇرۇپ، ماركسىزملىق پەلسەپە، دىيالېكتىك ماتېرىيالىزم قاتارلىقلاردىن دەرس سۆزلىگەن؛ مەدەنىيەت كىتابخانىسى قۇرۇپ، ماركسىزم ـ لېنىنىزم كىلاسسىك ئەسەرلىرىنى تارقاتقان. ماركسىزم شىنجاڭ تۇپرىقىدا كەڭ تارقىلىپ، ئەينى چاغدا ئېغىر ئازاب ـ ئوقۇبەت ئىچىدە تۇرۇۋاتقان شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلققە يورۇقلۇق ۋە ئۈمىد ئېلىپ كەلگەن.

1937 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى، شېڭ شىسەي ئاتالمىش ئۆلكە مەركىزىدىكى «سۈيىقەستلىك توپىلاڭ دېلوسى»دىن پايدىلىنىپ، يۈ شيۇسۇڭنى قولغا ئالغاندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقىغا يالاپ ئاپارغان. 1939 ـ يىلى 2 ـ ئايدا يۈ شيۇسۇڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى تازىلاشنى كېڭەيتىۋېتىش جەريانىدا زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان، شۇ چاغدا ئۇ 40 ياشتا ئىدى.

1962 ـ يىلى، يۈ شيۇسۇڭ دۆلەت خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن ئىنقىلابىي قۇربان دەپ تولۇقلاپ ئېتىراپ قىلىندى. پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى يۈ شيۇسۇڭغا مەجبۇرىي تېڭىلغان بارلىق تۆھمەتلەر، ئاساسسىز سۆزلەرنى تەلتۆكۈس ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئۇنىڭ پارتىيە ۋە كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى تارىخىدىكى تېگىشلىك ئورنىنى ئەسلىگە كەلتۈردى.

يۈ شيۇسۇڭنىڭ خوتۇنى ئەن جېجيى (ئەسلىي ئىسمى شېڭ شىتۇڭ) ھايات ۋاقتىدا يۈ شيۇسۇڭ ئېيتقان سۆزلەرنى ئەسلەپ مۇنداق دېگەن: سىز كوممۇنىستىك پارتىيەگە ئىشىنىڭ، سىز پارتىيەگە ئەگىشىپ مېڭىشتىن ئىبارەت ئىشەنچنى چىڭىتىڭ، كەلگۈسىدە خەلق چوقۇم ئازاد بولىدۇ، غەلىبە چوقۇم يېتىپ كېلىدۇ!

**(ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى پارتىيە تارىخى ۋە ھۆججەت، ماتېرىيال تەتقىقات يۇرتى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسى بىرلىشىپ ئۇيۇشتۇرغان)**

# پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، جۇڭيى تېبابىتى ـ دورىگەرلىكنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

شىنجاڭ جۇڭيى تېبابىتى ـ دورىگەرلىكى داشۆسى قۇرۇپ، يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى جۇڭيى تېبابىتى ـ دورىگەرلىكى ئىلمى ئېگىزلىكىنى تەدرىجىي بەرپا قىلىش تەكلىپىنى بەرگەنىدى. بۇ تەكلىپكە بۇلتۇر 12 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى مائارىپ مىنىستىرلىقى مۇنداق جاۋاب بەردى: مائارىپ مىنىستىرلىقى ئاپتونوم رايوننىڭ ھازىرقى جۇڭيى تېبابىتى ـ دورىگەرلىكى تۈرىدىكى ئالىي مائارىپ ۋە پەن تەتقىقات ئاپپاراتلىرىنى بىرتۇتاش پىلانلاش ئاساسىدا، شىنجاڭ جۇڭيى تېبابىتى ـ دورىگەرلىكى داشۆسى قۇرۇشنىڭ زۆرۈرلۈكى، مۇمكىنچىلىكىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ ۋە دەلىللەپ، مەكتەپنىڭ مەكتەپ باشقۇرۇش خاراكتېرى، مەكتەپ باشقۇرۇش ئورنى، مەكتەپ باشقۇرۇش قاتلىمى، پەن ـ كەسىپلەرنى تەسىس قىلىش، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى قۇرۇلۇشى، ئىختىساسلىقلارنى تەربىيەلەش ئەندىزىسى ھەمدە باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى قاتارلىقلارنى يەنىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇپ ھەم مۇشۇ ئاساستا ئىنچىكىلەشكەن قۇرۇلۇش لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، تەرتىپ بويىچە شىنجاڭنىڭ «14 ـ بەش يىل»لىق ئالىي مەكتەپلەرنى تەسىس قىلىش يىرىك پىلانىغا كىرگۈزۈشنى ئىلتىماس قىلىشى ھەم سېلىنما سالمىقىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇپ، ئوقۇتۇش، پەن تەتقىقات سەۋىيەسى ۋە مەكتەپ باشقۇرۇش شارائىتىنى ئۆستۈرۈپ، ھەرقايسى جەھەتلەردىكى شارائىت پىشىپ يېتىلگەندىن كېيىن تەسىس قىلىش ئىلتىماسىنى رەسمىي ئوتتۇرىغا قويۇشنى قوللايدۇ، شۇ چاغدا مائارىپ مىنىستىرلىقى قانۇن ـ بەلگىلىمە بويىچە تەكشۈرۈپ تەستىقلايدۇ.

دېڭ خۇڭ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش جەريانىدا مۇنۇلارنى ئىگىلىدى: ئاپتونوم رايونىمىزدا جۇڭيى تېبابىتى ـ دورىگەرلىكى ئىختىساسلىقلىرى خېلىلا كەمچىل، بۇ ئاساسىي قاتلام داۋالاش ئاپپاراتلىرىدا تېخىمۇ گەۋدىلىك، پۈتۈن شىنجاڭدا ھازىر جۇڭيى تېبابىتى تۈرىدىكى كەسپىي (ياردەمچى) ۋىراچلاردىن 7000دىن كۆپرەكى بار، ھەر يىلى ھەرقايسى جايلار ئۆز ئالدىغا جۇڭيى تېبابىتى ـ دورىگەرلىكى ئىختىساسلىقلىرىدىن 300 ئەتراپىدا تەربىيەلەيدۇ، ۋاھالەنكى، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى تەخمىنەن ئۈچتىن بىر قىسىم ناھىيەدە ھۆكۈمەت قارمىقىدىكى جۇڭيى تېبابىتى داۋالاش ئاپپاراتى قۇرۇلمىغان. دېڭ خۇڭ مۇنداق دېدى: ساقلانغان مەسىلىلەرگە قارىتا، جاۋابتا كونكرېت تەكلىپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى، يېقىن كەلگۈسىدە چوقۇم ھەل بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يۈز بەرگەندىن بۇيان، جۇڭيى تېبابىتى ـ دورىگەرلىكى ئۆزىگە خاس ئەۋزەللىككە تايىنىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئاغرىقلارنى قۇتقۇزۇش ـ داۋالاشقا باشتىن ـ ئاخىر قاتنىشىپ، ساقىيىش نىسبىتىنى ئىنتايىن زور دەرىجىدە ئۆستۈرۈپ، ئۆلۈش نىسبىتىنى تۆۋەنلىتىپ، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشتى. «بىز پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، شىنجاڭنىڭ جۇڭيى تېبابىتى ـ دورىگەرلىكى ئىشلىرىنىڭ داۋالاش، ساقلىقنى ساقلاش، پەن تەتقىقات، مائارىپ، كەسىپ، مەدەنىيەتتىن ئىبارەت ‹ئالتىنى بىر گەۋدە قىلىش› ئەندىزىسى بويىچە يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىشىمىز كېرەك» دېدى، دېڭ خۇڭ.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)